# ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ پارلاق داغدام يولى جەزمەن ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ

## —— جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرايلى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنى، ئاسىيا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىدىن ئىبارەت «ئىككى باشلىقلار يىغىنى» ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملىدى، جۇڭگو - ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتى پائال ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو - ئافرىقا ئىقتىساد - سودا كۆرگەزمىسى باشلاندى... يەككە تەرەپچىلىك ۋە قورۇقچىلىق باش كۆتۈرگەن، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش يولىدا مېڭىپ، داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان دۇنياغا قىممەتلىك ئىشەنچ قوشۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرماقتا. دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش چوڭ ۋەزىيىتىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق ئۆز-ئارا زىچ باغلىنىپ باقمىغان، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ باقمىغان. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىدارە قىلىش قىزىل رەقىمى، ئىشەنچ قىزىل رەقىمى، تىنچلىق قىزىل رەقىمى، تەرەققىيات قىزىل رەقىمى قاتارلىق خىرىسلارمۇ كۈنسايىن كەسكىنلەشمەكتە. ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ھەمكارلىشىش كېرەكمۇ ياكى قارشىلىشىش كېرەكمۇ، ئېچىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى بېكىنىۋېلىش كېرەكمۇ، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش كېرەكمۇ ياكى قوشنىلارغا ئورا كولاش كېرەكمۇ، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى قايسى يولنى تاللاشتىن ئىبارەت تۆت كوچا ئېغىزىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: ئۆزگىرىش چان ۋەزىيەتكە قارىتا، كۆپىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ توغرا تاللىشى. دۇنيا بانكىسى يېقىندا ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى 32 مىليون كىشىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرىدىكەن، يەر شارى سودىنى %6.2 ئاشۇرىدىكەن، يەر شارى كىرىمىنى %2.9 ئاشۇرىدىكەن، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا تۆرتكە بولۇش دەل جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئەمەلىي ھەمكارلىشىش، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئېلىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش —— جۇڭگو ئىدىيەسى، جۇڭگو لايىھەسى ئورتاق مەنپەئەت «تورتى»نى بارغانسېرى زورايتىپ، بارغانسېرى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ياراتتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، جۇڭگو ماللىرىنىڭ سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 12 تىرىليون 100 مىليارد يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %4.1 ئاشتى، تېخىمۇ مۇھىمى، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرگە قىلىنغان ئومۇمىي ئىمپورت - ئېكسپورت %9 ئاشتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس تەسراتىنى سۆزلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەمكارلىقى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك، دېدى.

جۇڭگو ھەمكارلىق يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىۋاتقان چاغدا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش، بىرى يېڭىش، يەنە بىرى يېڭىلىش قاتارلىق كونا قاراشلارغا پېتىپ قېلىپ ئۆزىنى تارتالماي، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان خەلقئارا سودىنى ئامېرىكا «زىيان تارتىدىغان» سودا دەپ قاراپ، ئەۋزەللىكلەردە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقنى «ئادىل بولمىغان رىقابەت» دەپ قاراپ، ھەممىلا يەردە تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش كالتىكىنى ئوينىتىپ، ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇپ، كىچىك دائىرىدە چەكلىنىپ قالىدىغان سودا قورۇقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەستە ئەسلىگە كەلگەن دۇنيا ئىقتىسادىغا كۆلەڭگە پەيدا قىلدى.

«ھوسۇل ئالماقچى بولغانلار ۋاقتىدا قارار، ئىدارە قىلماقچى بولغانلار ۋەزىيەتكە باقار.» گەرچە خەلقئارا ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش دەۋر ئېقىمىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. ۋەزىيەتكە ئېنىق ئىش كۆرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلەش، ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئارزۇسىغا ئويغۇنلاشقانلىقتىن، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى بەش قىتئەدىن كەلگەن 3600دىن ئارتۇق كارخانىنى كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى، 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە 283 تۈرلۈك ئەمەلىي نەتىجە ھاسىل قىلىندى، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى بىر قاتار يېڭى تەدبىرلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ۋەزىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلغاچقا، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش سىياسىتى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە نارازىلىق قوزغىدى، ئامېرىكىچە زومىگەرلىك خەلقئارادا تېخىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ بەس - بەستە نارازىلىق بىلدۈردى. جۇڭگو - ئىسپانىيە سودا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى كارلوس ۋىللېرىس مۇنداق قارىدى: ئامېرىكا تەرەپ قوزغىغان بۇ بىر مەيدان سودا ئۇرۇشىدا، دۇنيا جۇڭگو تەرەپتە تۇرىدۇ، چۈنكى «جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى كەلگۈسى يۆنىلىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.» ئەمەلىيەت شۇنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى، بېكىنمىچىلىك، قاتماللىق ئەڭ ئاخىردا تۈيۈق يولغىلا باشلايدۇ. قوش پايدا ئېلىش، ئورتاق پايدا ئېلىش يېڭى ئىدىيەسىنى تىكلەپ، ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىغاندا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىزدىگەندە ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، سىغدۇرۇشچان، ئومۇمىي مەنپەئەتدار، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان پارلاق داغدام يول جەزمەن ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ.

«ئاقىللار ئاق كۆڭۈللۈك ۋە تىنچلىققا ئىنتىلىدۇ، نادانلار تالاش - تارتىش ۋە ئۇرۇشقا بېرىلىدۇ.» ئاسىيا ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، رەئىس شى جىنپىڭ شائىر رۇداكىنىڭ شېئىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى چوڭقۇر. پەقەت ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالغاندىلا، چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى، ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، بۇ «ئالتۇن ئاچقۇچ»تىن ياخشى پايدىلانغاندىلا، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا مەسىلىسى ئۇنۇملۇك ھەل قىلغىلى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# 2 - نۆۋەتلىك مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىشى يېقىندا باشلىنىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىر گاۋ جىڭ) ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جەي چىڭ 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مۇنداق بىلدۈردى: نۆۋەتتە 2 - نۆۋەتلىك 1 - تۈركۈمدىكى مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ بولدى، مەركەز تەستىقلىغاندىن كېيىن، يېقىندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش باشلىنىدۇ.

ئۇ گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى شۇ كۈنى ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇردى.

يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى»نى بېسىپ تارقاتتى. بەلگىلىمىدە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مەركەزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نازارەت قىلىشى دائىملىق نازارەت قىلىش، مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىش ۋە «قايتا قاراپ چىقىش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دائىملىق نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشتىكى مۇھىم مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە ئالغان گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بىرقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەتلىك مەركەز كارخانىلىرى ۋە مەركەز نازارەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان باشقا ئورۇنلار.

جەي چىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 2019 - يىلىدىن باشلاپ، 2020 - يىلى، 2021 - يىلى، ئۈچ يىل ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتلارغا قارىتا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش قانات يايدۇرۇلىدۇ؛ يەنە 2022 - يىلى بىر يىل ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلارغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىش» قانات يايدۇرۇلىدۇ.

ئۇ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە 2 - نۆۋەتلىك 1 - تۈركۈمدىكى نازارەت قىلىش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، مەركەز تەستىقلىغاندىن كېيىن، يېقىندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش باشلىنىدۇ. كونكرېت نازارەت قىلىنىدىغان جايلار ۋە نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتلار مەركەز تەستىقلىغاندىن كېيىن، جەمئىيەتكە ئاشكارىلىنىدۇ.

ئۇ مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: بۇرۇنلا ئاخىرلاشقان 1 - نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2 - نۆۋەتلىك نازارەت قىلىشتا بەلگىلىمىدىكى تەلەپ بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەركەز كارخانىلىرى نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكت قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، نازارەت قىلىش مەزمۇنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، بەلگىلىمىدە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش نازارەت قىلىش مەزمۇنى قىلىنىپ، نازارەت قىلىشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى يەنىمۇ بېيىتىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: 2 - نۆۋەتلىك نازارەت قىلىش جەريانىدا، دىققەت بۆلۈنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، دىققەت «تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق» ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، چوڭ مۇھىت ئاسراش نەزەر دائىرىسى بىلەن نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، نازارەت قىلىش شەكلىدە، 2 - نۆۋەتلىك نازارەت قىلىشتا تەشۋىقات خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ، تىپىك دېلولارنى ئېلان قىلىش يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇل قوللىنىلىپ، نازارەت قىلىشنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق قارىدى: «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپى ۋە «نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش» كونكرېت نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئەتراپلىق تەشكىللەپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىدىيەدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، تەكرار ئۆگىنىپ، يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشنى، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئاشۇرۇپ، سىياسىي ئىرادە، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يۆنىلىش خاراكتېرلىك، تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا يۈكسەك سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كەم - كوتسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش؛ ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش جەريانىدا نەزەرىيە تەپەككۇرىنى ئۆستۈرۈپ، جەۋھىرىنى ئىگىلەپ، نېگىزىنى تۇتۇپ، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر، تارىخىي تەپەككۇر، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى ئىقتىدارىنى كۆچەيتىش؛ كالتىسى تولۇقلاپ، سۆگەكنى چىڭىتىش جەريانىدا ئېتىقاد، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئېتىقاد، ئىشەنچى ئىلمىي نەزەرىيەگە بولغان ئاقىلانە ئېتىراپ قىلىش، تارىخىي قانۇنىيەتكە بولغان توغرا تونۇش، ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا تۇرغۇزۇش؛ بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا تۈپ ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «مەن كىم، كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىمىز» دېگەن مەسىلىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش، ئامما مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، مەڭگۈ سۈپەتتى ئۆزگەرمەسلىك، مەڭگۈ رەڭگى ئۆچمەسلىك؛ ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش جەريانىدا بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرىنچى سالاھىيەت، بىرىنچى مەسئۇلىيەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھات - تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى بېغىشلايدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىن خۇا يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

# چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن، تيەن ۋېن، جى جېڭ كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

چېن چۈەنگو ۋەكىللەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، سەممىي پاراڭلاشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى»نى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەم ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلغانلىقى باش شۇجىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا بولغان سەممىي غەمخورلۇقى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى»نىڭ شان - شەرەپنى قەدىرلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدىن قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئېتىقادى مۇستەھكەم بولۇشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش نىشاننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېغىشلاپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئۆزىنى پارتىيەگە، دۆلەتكە بېغىشلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچى ۋە تۈپ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاش، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش؛ پاك - دۇرۇس بولۇشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، ئىنتىزامغا، قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، كۆڭلىدە ئېھتىيات قىلىپ، ھەرىكەتتە چەك قويۇپ، تۆۋەن چەكنى ساقلاپ، قىزىل سىزىققا دەسسىمەي، يۇقىرى بېسىملىق سىمغا تەگمەي، باشتىن - ئاخىر خەلق ئۈچۈن ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇش سىياسىي خىسلىتىنى ساقلاش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ مەمۇرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلاردىن ئۆگىنىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دەۋرگە، خەلققە، تارىختا يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلەرنى تىرىشىپ يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۆرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لى دىسەن: شىزاڭنىڭ شىمالىغا ئىلگىرىلەپ كىرىپ ئالىنى ئازاد قىلغان «خەلق تۆھپىكارى»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار ليۇ شياۋخۇڭ، يەن چىلىي) «60 نەچچە يىل ئىلگىرى، يولداش لى دىسەن 130 نەچچە ئەجدادىنى باشلاپ شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە ئىلگىرىلەپ كىرىپ، شىزاڭ ئالدىدىكى بۇ ‹ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون›نى غەلىبىلىك ئازاد قىلغاندى.» شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم ماشىنىلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى يېقىندا تۈەن تارىخى سارىيىغا كىرىپ، «خەلق تۆھپىكارى لى دىسەن» دېگەن يەتتە چوڭ خەت ئويۇلغان مىس ھەيكەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىنى قايتا ئەسلەپ، مەنىۋى كۈچ قوبۇل قىلدى.

لى دىسەن ھايات ۋاقتىدا تۈرغان قىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ تۈەن گەرچە نەچچە قېتىم تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما لى دىسەن قاتارلىق ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق روھى ئىزچىل تۈردە كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ قەلب ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملىشىدىكى «ئەڭگۈشتەر» «يول باشلىغۇچى ماياك» بولۇپ كەلدى.

لى دىسەن، خېبېي ۋۇجىدىن، 1938 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى پەيجاڭ، جىداۋيۈەن، گۈجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئىلگىرى يەنئەننى قوغداش جېڭى ۋە چوڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ جەڭ قىلغان، تۇققۇز قېتىم يارىلىنىپ، ئۈچ قېتىم شەرەپ بىلەن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن.

1950 - يىلى 8 - ئايدا، لى دىسەن شىزاڭغا كىرىشكە ئالدىن ئەۋەتىلگەن لىيەننى باشلاپ شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالى ئېگىزلىككە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. كوماندىر - جەڭچىلەر پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئاسىرىغان، ئازادلىق ئارمىيە بارغانسېرى كۆپ زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ ئىشەنچىسىگە، قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، ئالدىن ئەۋەتىلگەن لىيەنگە يۇقىرىدىن «شىزاڭغا ئالدىن ئەۋەتىلگەن قەھرىمان لىيەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلىپ، پۈتۈن لىيەندىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ھەربىرى بىر قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

جاماڭباۋغا كىرىپ جايلاشقاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىكى ھەممە جاينى قاپلىغان قار - شۇرغان ئالدىن ئەۋەتىلگەن لىيەننىڭ ئارقا سەپ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغان. ئېگىزلىكنىڭ مۇھىتى ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق، تۇز كەمچىل بولۇش تۈپەيلىدىن ئېغىر ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، لى دىسەن بىلەن نۇرغۇن كوماندىر - جەڭچى ئېگىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 63 نەپەر كوماندىر - جەڭچى قارلىق ئېگىزلىكتە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن.

لى دىسەننىڭ كېسىلى كۈنسېرى ئېغىرلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ كېچە - كۈندۈز دېمەي تۆت خىزمەت خاتىرىسىنى رەتلەشنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇنىڭغا شىزاڭغا كىرگەندىن بۇيانقى توپلىغان ئېگىزلىكتە ئۇرۇش قىلىشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلەر قاتارلىق قىممەتلىك ماتېرىياللار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. 1951 - يىلى 5 - ئايدا، لى دىسەننىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. سەھىيە خادىمى لىيەندۈيدە قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تال پېنىسىللىننى ئۇنىڭغا ئوكۇل قىلىپ سالماقچى بولغاندا، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن باشقا ئاغرىقلارغا قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، پارتىيە ياچېيكىسى ياچېيكا يىغىنى ئېچىپ قارار قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بەش قولغا قاراپ، ئۇ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ كۆپچىلىكتىن مۇنداق ئۆتۈنگەن: «كېسىلىم ئۆزۈمگە ئايان، دورىنى ئىسراپ قىلماڭلار، ئۇنى ئەڭ ئېھتىياجلىق يولداشقا قالدۇرۇڭلار!» ئۇ ئەڭ ئاخىر ئاشۇ پېنىسىللىننى ئىشلەتمىگەن.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، كەينىدىن كەلگەن قىسىم ئالدىن ئەۋەتىلگەن لىيەن بىلەن ئۇچراشقان. لى دىسەن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشلىتىپ، خاتىرىنى قىسمىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەھبەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن خاتىرجەم كۆزىنى يۇمغان، شۇ يىلى ئەمدىلا 38 ياشتا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يۇقىرىدىن ئۇنىڭغا «خەلق تۆھپىكارى» دېگەن شەرەپلىك نام تولۇقلاپ بېرىلگەن.

«بىر قىسىمنىڭ ئەنئەنىسىگە تومۇرداش بولۇپ ۋارىسلىق قىلغاندىلا، ئۇنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرغىلى بولىدۇ.» بۇ تۈەننىڭ ھازىرقى جېڭۋېيىسى پۇ چېڭدۇڭ مۇنداق دېدى: «ھەر يىلى يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىغا كەلگەندە، 1 - دەرسى ‹خەلق تۆھپىكارى›نىڭ ياخشى ئىزباسارى بولۇش، 1 - مەيدان پائالىيىتى تۈەن تارىخى سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ھەم لى دىسەننىڭ مىس ھەيكىلى ئالدىدا قەسەم بېرىش.» قەھرىمانلار روھىنى رىغبەتلەندۈرۈشى، يېتەكلىشىدە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ قىسىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، خەلقئارا ھەربىي مۇسابىقە، ئەمەلىي مانېۋىر قاتارلىق ۋەزىپىلەردە نۇرغۇن ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)